# تەربیەدە 101 قەدەم



ئوسمان نۆری توپباش

ئەرکام
نەشریاتی

بسم الله الرحمن الرحيم

ئىستانبۇل 2016

كىتابنىڭ تۈركچە ئىسمى: Eğitimde 101 Adım
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: سەھەر ئاۋۇتى
تەھرىرى: زەينەپ
بەتچىك: پەرھات
ISBN : 978-605-302-066-0
نەشر قىلغۇچى: ئەركام نەشرىياتى
Language : Uighur

ئالاقىلىشش ئادرېسى:

ئەركام نەشرىياتى

Address : İkitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY
Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)
Fax : +90 212 671 07 48
E-mail : info@islamicpublishing.net
Web site : www.islamicpublishing.net

# تەربیەدە
# 101
# قەدەم

ئوسمان نۆری توپباش

ئەرکام نەشریاتی

ئەڭ گۈزەل سۆز قۇرئان كەرىمدىن:

"ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ." (قەسەس سۈرىسى 77 ـ ئايەت)

"دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر."
(تەكاسۇر سۈرىسى 8 ـ ئايەت)

# 1

تەلىم—تەربىيە ئانا قورسىقىدىن باشلىنىدۇ، ئىنساننىڭ تۇنجى ئۇستازى ئانىسىدۇر.

# 2

پەرزەنت ئاتا-ئانا، ئۇستازىغا ياخشىلىق ۋە خەيىر بىلەن يېتىشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىلاھى ئامانەتتۇر.

# 3

بىر ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قالدۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مىراسى- گۈزەل ئەخلاق ۋە ساغلام خاراكتېردۇر.

# 4

بارچە مەخلۇقاتلار ئىچىدە، تەربىيەگە ئەڭ موھتاج بولغىنى ئىنساندۇر. دۇنيادىكى ئەڭ ئۈستۈن سەنئەتمۇ ئادەم تەربىيلەشتۇر.

# 5

تەربىيچى بىلىم بەرگۈچى بولۇپلا قالماستىن يەنە سەمىمىيەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقۇچى، ئۇيۇق ئاچقۇچى، توغرا يولغا چاقىرغۇچى، ئۇسۇل ۋە ئەدەپ ئۆگەتكۈچىدۇر. شۇنداقلا ئۇستاز، ئوقۇغۇچىسىدا ۋىجدان تۇيغۇسى بەرپا قىلغۇچىدۇر.

# 6

بىر پەرزەنتنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قورساق ۋە ياتاق مەسىلىسىنى ھەل قىلساقلا كۇپايە ئەمەس، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە روھى دۇنياسىنى ئىلىم-ئىرپان بىلەن تويغۇزۇشىمىز كېرەك.

# 7

تەربىيىچى، تەربىيلىگەن كىشىنى دىلغا يېقىن، يەنى كۆڭۈل ئادىمى قىلىپ تەربىيلىشى كېرەك. ئۇنىڭغا پەقەتلا زاھىرى ئىلىملەرلا ئەمەس، مەنىۋىيەتكە، سىر ۋە ھېكمەتلەرگە نىسبەتەن ھەم قىزىقىش ئويغىتىشى كېرەك.

# 8

مەنىۋىيەتتىن مەھرۇم شەكىلدە، تاق يۆنىلىشتە بېرىلگەن تەربىيە خاتا تەربىيەدۇر،
ماددا ۋە مەنا تەڭپۇڭلۇقى شەرتتۇر.

# 9

ھايات رىتىمغا ئەگەشمىگەن ھەر مەۋجۇدات، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ، يوقۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: "پەرزەنتىڭلارنى ئۆزەڭلار ياشىغان دەۋرگە كۆرە ئەمەس، ئۇلار ياشايدىغان دەۋرگە قارىتا تەربىيەلەڭلار."

# 10

ياخشى تەربىيلەنگەن، بىر ئۇچۇم پىداكار كىشىلىرىڭ بولسا، غالىپ مىللەتسەن،
بولمىسا مەغلۇپسەن.

# 11

بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ۋە ياشلارغا قاراش يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئۇلار كۈچ ۋە ئېنېرگىيەسىنى ياخشىلىق، پەزىلەت يولىغا سەرپ قىلسا ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاقتۇر؛ ئەكسىچە، ئېنېرگىيەسىنى چېلىشىش ۋە نەپس يولىغا سەرپ قىلسا ئاقىۋىتى پاجىئەدۇر.

# 12

بايلىق مەبلەغ سېلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ساھەنى ئىزدەيدۇ. مائارىپ مەبلەغ سېلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ساھەدۇر.

كەلگۈسى مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ توغرا ھېساب-كىتاب: سۈپەتلىك ۋە ئۆرنەك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈشتۇر.

# 13

تەربىيچى، كۆڭۈللەردە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغىتالايدىغان بولۇشى، روھىي ياخشىلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇشى، ئەتراپقا ھوزۇر ۋە ئىجابىي ئېنېرگىيە چاچالايدىغان بولۇشى كېرەك.

# 14

سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان بىرسىنىڭ باشقىلارنى قايىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. كونىلار دەيدۇكى :" كىشىنىڭ سۆزىگە باقما، ئىشىغا باق."

# 15

تەربىيچى، ئۆگەتكەن ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان گۈزەللىكلەر بىلەن ئالدى بىلەن ئۆز ھاياتىنى بېزەپ، جانلىق ئۆرنەك بولۇشى لازىم.

# 16

تەربىيچىنىڭ ئەتراپى ئاكتىپ، ئىجابى ئېنېرگىيەگە تويۇنغان بولۇشى كېرەك.

# 17

ئىشەنچ ۋە قوللاش بولغان يەردە ھوزۇرلۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەربىيەچى ئەڭ ئاۋۋال ساغلام خاراكتېرى بىلەن تونۇلىشى ۋە ئېتراپ قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلار، ساغلام خاراكتېرلىك، ئۆرنەك شەخسىيەتلەرنى سۆيىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.

# 18

سەپ- ئالدىدا ماڭغانلارغا ئاساسەن شەكىللىنىدۇ.

سائادەت دەۋرى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھانىيىتى بىلەن شەكىللەندى. ئەسھابى سۇففە بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، پەيغەمبەر تەربىيىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى: " بىز گېلىمىزدىن ئۆتكەن ھەربىر لوقمىنىڭمۇ زىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتۇق" دەپ ئىپادىلىگەندى.

# 19

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەربىيە مېتودى سۆھبەت ئىدى. چۈنكى سۆھبەت قەلبلەرگە تەسىر قىلىدۇ. سۆھبەتتە تىڭشىغۇچىلارنىڭ قەلبى ئېھتىياجلىق بولغان مەزمۇن سۆزلەنگىنى ئۈچۈن، سۆھبەت يەنە بىر تەرەپتىن تىڭشىغۇچىلارغا رېتىسسى يازماي دېمەكتۇر.

# 20

تەربىيچى، ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان داھىلارنىڭ ھەم كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.

# 21

تەربىيچى، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە سەل قارىماسلىقى، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا يېتەرسىزلىكى ۋە لاياقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن تەلىم- تەربىيە خىزمىتىدە ھەم مەغلۇپ بولىدۇ.

# 22

شادىمان نەسىل، پەقەت ئۆزىگە ئىشەنچى بولغان مائارىپچىلارنىڭ، يەنى ئىلىم ۋە ئەخلاق جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ ئەسىرىدۇر. كەيپسىز، مېشچان كىشىلەرنىڭ يېتىشتۈرگەن پەرزەنتى ھەم ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەسكى خۇيلۇق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

# 23

قۇسۇرسىز بىر ئوقۇغۇچى ئارزۇ قىلساق، قۇسۇرسىز تەربىيەچى بولۇشقا مەجبۇرمىز.

# 24

رىغۇنت قىلىنغان بىر ئەشيا، رىغۇنتچىنىڭ ئىسىم كارتىسىدۇر. تەربىيچىنىڭ ساپاسى ھەم يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

# 25

تەربىيىچىنىڭ ئۆزىنى ياخشى يېتىشتۈرىشى مۇھىم بىر مەسئۇلىيەتتۇر. چۈنكى ساپاسىز بىر تەربىيىچى، ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدۇ، خالاس.

# 26

پادىچى پادىسىدىن ھېساپ بېرىدۇ. پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بىر قوزىچاقنى تاشلاپ قويماي، قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىسىغا يەنى تەربىيىچىسىگە ئامانەتتۇر.

# 27

ھەركىشى سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى مۇھىم ۋە قىممەتلىك دەپ بىلىدۇ، دىققەت بىلەن تىڭشىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئوقۇتقۇچى، ئالدىغا كەلگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنى، قانداق تەلىۋى، قانداق سۆزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشىشى، بىزار بولماسلىقى لازىم.

# 28

تەربىيچى ئوقۇغۇچىسىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى
ۋە بۇنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم.

# 29

چىناردەك يوقىرىلىيالايدىغان ئوقۇغۇچىسىنى، بىر مېتىرلىق چاتقالغا ئايلاندۇرۇپ
قويغان تەربىيچى، ئاللاھ ئالدىدا بۇ قىلمىشىدىن ھېساب بېرىدۇ.

# 30

تەربىيچى ئوقۇغۇچىسىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى ياخشى بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىدىغان تومۇرنى، يولىنى بىلسۇن.

# 31

ھەر كىشىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ئوخشىمىغان بولغاچقا، مېتود ۋە تەۋسىيە بىر ئوقۇغۇچىغا پايدا ئېلىپ كەلسە، يەنە بىرىگە زىيان سېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن تەربىيىچى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەنىۋى ئىسىم كارتىلىرىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

# 32

تەربىيىچى كىمنىڭ نېمىدە ئارتۇقچىلىقى بولسا، ئۇنى شۇ ساھەدە تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىسىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، قىزىقىشى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى، قولىدىكى تەسبىھ ئۇرۇقچىلىرىدەك ياخشى بىلىشى كېرەك.

# 33

بۈگۈن شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، ئىنسانلار كەلكۈندە قالغان كۆتەك پارچىلىرىدەك ئاڭسىزلارچە ئاقماقتا. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقتا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈدەك كۈچتىكى سانسىز بۇلاقلار، ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغانلار تەرىپىدىن خاتا باشلىنىپ ئەۋرەز سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتمەكتە.

# 34

تەربىيچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئادىل، سەمىمى، ئىنساپلىق بولۇشى، ئۇلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ۋەزىپىلەرنى بەرمەسلىكى ۋە ئۇلارنى ئەملى كۈچىگە قاراپ باھالىشى لازىم.

# 35

ئادىل بىر ئوقۇتقۇچى، پۈتۈن بىر سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدۇر، ئادىللىق بولمىغان سىنىپتا ھوزۇر بولمايدۇ، ھوزۇر بولمىغان سىنىپتا دەرس ئۆتكىلى بولمايدۇ، دەرس ئۆتۈلمىگەن يەردە تەربىيە ھەقىقىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشمايدۇ.

# 36

تەربىيچى، ئادىللىقنىڭ ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىنىلا ئەمەس، شۇ كىشىنىڭ بارچە ھەق-ھوقۇقىنى ئورۇنداپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئادىللىقنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرخىل ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

# 37

بىر تەربىيچى پەقەتلا ھۆكۈم چىقارغاندا ئەمەس، تارازىدا، گۇۋاھلىق بەرگەندە، قىسقىسى ھەرۋاقىت ھەر يەردە ئادىل بولۇشى كېرەك.

# 38

تەربىيىچى، ئۆتەكچى بولغان دەرسنىڭ ماتېرىيال ۋە پىلاننى تەييارلىغاندا سىنىپنىڭ ئاساسىي سەۋىيەسىنى كۆزدە تۇتقاندا دەرس ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

# 39

پىلانغا ئاساسەن ئىش قىلىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى، بۇ ياخشى ئادىتى سايىسىدە، نەگە كەلگىنىنى، ئالدىنقى سائەتتە نېمىلەرنى ئۆتكىنىنى ۋە دەرسنىڭ قانچىلىك ئۆزلەشتۈرۈلگىنىنى بىلەلەيدۇ.

# 40

بىر ئوقۇتقۇچى دەرس پىلانلىغاندا، ئوقۇتۇش مېتودىنى نەدە، قاچان ۋە قانداق
قوللىنىدىغانلىقىنى ياخشى ئويلىنىشى كېرەك.

# 41

بىر تەربىيىچى، ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا بىلىم بېرىش ئەمەسلىكىنى بىلىشى، دەرس پىلانى تۈزگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى بىلىشى، دەرسنى رېئاللىققا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ، سوئال- جاۋاب مېتودىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە قارىتىشى كېرەك.

# 42

تەربىيەدە مۇۋاپىقىيەتنىڭ ئاچقۇچى: سەبر ۋە پىداكارلىقتۇر.

# 43

تەربىيچى، دۇچ كەلگەن خەتەر ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا بوشاشماسلىقى، ئەكسىچە مۇشكۈل شەرتلەر ئالدىدا تىك تۇرۇش ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئۇرغۇتىشى كېرەك.

# 44

بىر تەربىيچى، ئاجىزلىق ۋە ئىمكانسىزلىقلار ئالدىدا ئەسلا ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆكمەسلىكى لازىم.

# 45

كۆڭۈللەرگە مەڭگۈلۈك بەختنىڭ دورىسى بولىدىغان ئابى ھاياتنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قېيىنچىلىق كۈنلەرگە ۋە مۇشەققەت ۋادىلىرىدا يوشۇرۇنۇۋالىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم، چۈنكى ھاياتنى قىممەتلىك ۋە بەرىكەتلىك قىلىدىغىنى، ئۇلۇغ ئارزۇ ۋە غايىلەر ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىقتۇر.

# 46

مائارىپ، ھېلى بار ھېلى يوق، ئۆتكۈنچى بىر ئىش ئەمەس، ئاخىرقى نەپەسكىچە مۇھەببەت ۋە ئۈمىد بىلەن داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىدۇر. شۇ سەۋەبتىن تەربىيىچىنىڭ ئوزۇقى سەبىر، تايانچى ئاللاھ بولۇشى كېرەك.

# 47

تەربىيچى قايسى ساھەدە بولسۇن، ھەرزامان، ئىمان ھاياجىنىنى ساقلاپ قالالىغان، قەلبىنى، مال-مۈلك ۋە مەنپەئەت ئەندىشىسىدىن يىراق قىلغان، تەربىيىگە مۇھتاج كۆڭۈللەرنىڭ ئاۋازسىز پەريادىغا قۇلاق بەرەلىگەن كىشىدۇر.

# 48

تەربىيچىنىڭ خىزمەت دەپ، بالا-چاقىسى، ئاتا-ئانىسى، رىزقى ۋە يەۋاتقان ئىشىنى چۆرۈپ تاشلاپ يۈگۈرىشى قانداق خاتا بولسا بۇلارنى باھانە قىلىپ خىزمەتتىن قېچىشىمۇ ھەم توغرا ئەمەستۇر.

# 49

تەربىيىچى، قولغا كەلتۈرەلىگەن ماددى ئىمكانىيەتلەر ئۈچۈن ئۆگۈنۈپ ۋە نائىل بولغان دۇنياۋى مەنىۋى ئىمكانىيەتلەر ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ھەددىدىن ئاشماسلىقى لازىم.

# 50

تەربىيچى، ئوقۇغۇچىسىغا دەرستىن سىرتقى ۋاقىت ئايرىشى لازىم، كارتا سۈرۈش ئۈچۈنلا ئىشقا كېلىدىغان ئىشچىدەك، ئىمزا قويۇش ئۈچۈنلا ئولتۇرىدىغان مەمۇردەك بولماسلىقى كېرەك.

# 51

تەربىيىچى، مەسىلە چىقارغۇچى ئەمەس، مەسىلە ھەل قىلغۇچى بولۇشى لازىم، تەنقىدلەپ قۇسۇر ئىزدەش ئورنىغا، مەسىلىلەرگە ئىجابىي مەيداندا تۇرۇپ يېقىنلىشىشنى بىلىشى كېرەك.

# 52

تەربىيچى خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن كۆرۈپ ئەيىبلەش
ئورنىغا ئەيىپ ۋە قۇسۇرنى ئاۋال ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەك.

# 53

قانداق قىلالايتتىم، بولۇشۇم مۇشۇ، تەلەي كاج دەپ باھانە كۆرسەتكەن تەربىيچىگە جانابىي ئاللاھ، تۆت تامنىڭ ئىچىدىن ئەنجۈر يېتىشتۈرۈپ، مېۋە بەرگۈزۈپ كۆرسىتىپ قويىدۇ.

# 54

مائارىپ ۋە تەربىيە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا شىكايەتنى ئۇنتۇش سەنئىتىدۇر.
سەۋرسىزلىك ۋە شىكايەت باشلانغان يەردە تەربىيە بولمايدۇ.

# 55

تەربىيچى، ئىمكان ۋە پۇرسەتلەرنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى كۈتمەسلىكى، دائىم قىلىدىغان ئىش ۋە ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئىزدەپ تۇرۇشى لازىم.

# 56

تەربىيلىنىش- بەداشقان قورۇپ ئولتۇرۇپ گەپ ئاڭلاش ئەمەس، ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئېنېرگىيە كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەلبى، ئەجابى ئېنېرگىيە بىلەن تولشى كېرەك.

# 57

ھاياجان ۋە كۆڭۈلدىن چىقىرىپ چېچىلغان بىلىم ئۇرۇقلىرى، كەلگۈسىنىڭ چىنارى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

# 58

تەربىيىچى، ئىنسانلار تەرىپىدىن گۈزەل دەپ قارالغان ۋە رىئايە قىلىشقا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نازاكەت قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىشى ۋە ئۆزىمۇ رىئايە قىلىشى كېرەك.

# 59

ئىنچىكە، ئەستايىدىل ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك بىر تەربىيىچى، ۋەزىپىسىنى ئىبادەت ھاياجىنى بىلەن ئورۇندىشى، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ ئازار يېمەسلىكى، ئاغرىنماسلىقى كېرەك. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، پۈتۈن قەلبلەر ئىلاھى كامرانىڭ كۆزىتىشى ئاستىدىدۇر.

# 60

تەربىيىچى، ھەر ھال ۋە ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشى، دوستلىرىغا چاقچاق قىلغاندا
ھەم ئەدەپلىك بولۇشى، زىتىغا تەگمەسلىكى كېرەك.

# 61

تەربىيىچى، سەمىمىيلىك ۋە سۆزمەنلىكنىڭ، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ، ئېغىر-بېسىقلىق ۋە ئالدىراقسانلىقنىڭ چەك-چېگراسىغا دىققەت قىلىشى، بۇلارنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىكى كېرەك.

# 62

تەربىيچى، ھاياتنىڭ ھەربىر قەدىمىدە بولۇپمۇ سىنىپتا، ئىسلامغا لايىق ھەرىكەت قىلىشى، ئىش- ھەرىكەت، گەپ-سۆزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم.

# 63

تەربىيىچى، تەربىيە جەريانىدا، خاتالىقى ۋە يېتەرسىز تەرەپلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن تەقلىد قىلىنىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك.

# 64

مائارىپچى، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق، ئۆزى ھەم ئىلاھى مەغپىرەتكە لايىق بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان بىر كىشى بولىشى كېرەك.

# 65

ھەر ئىنسان گۈزەل مۇناسىۋەت، گۈزەل نەزەر ۋە ئىلتىپاتقا موھتاجدۇر. ئىنسانلارغا قىلىنغان گۈزەل مۇئامىلە، دۈشمەننىڭ دۈشمەنلىكىنى ئازايتىپ، دوست ۋە يېقىنلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

# 66

تەربىيە قوپال، قاتتىق ۋە ئازار بېرىدىغان ئۇسۇلدا قىلىنماسلىقى كېرەك.

# 67

تەربىيچىنىڭ قائىدە-تۈزۈم قالپىقىنى كىيۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلىشى توغرا ئەمەستۇر.

# 68

قاتتىقلىق ھەددىدىن ئاشقاندا ئۆچمەنلىك تۇغۇلىدۇ. توغرا چۈشىنىش، سەل قاراش ھەددىدىن ئاشقاندا قائىدىسىزلىك تۇغۇلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغاندا ئاندىن مۇۋاپىقىيەت قولغا كېلىدۇ.

# 69

تەربىيچى سۆزنى يۇمشاق ۋە گۈزەل قىلىشى، خەيرلىك ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھېچكىم قاتتىق، قوپال گەپلەرنى ياقتۇرمايدۇ. كۆڭۈللەرنى ئۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئاغزى تاتلىق بولۇش، يۇمشاق بولۇش ۋە كەمتەر بولۇشتۇر.

# 70

روھىي جەھەتتىن تەييارلىقى بولمىغان بىر ئۇچقۇچىغا ئۇچۇش رۇخسىتى بېرىلمىگەنگە ئوخشاش، غەزەپلەنگەن ۋە كەيپىياتى ياخشى بولمىغان بىر مۆئەللىمنىڭ دەرسكە كىرىشىگە ھەم يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

# 71

تەربىيچى نەسىھەت، تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى گۈزەل قىلىشى، يېنىدىكى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئادىتىنىڭ، ئۆزى ئۈچۈن بىر نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.

# 72

ئىنسان دائىم ھېسياتىنىڭ كونتروللىقىدا قېلىپ، ھېسياتقا تايىنىپ قارار چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تەربىيىچىنىڭ مەسلىھەت ۋە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى خىزمىتىنى تېخىمۇ بەرىكەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك قىلىدۇ.

# 73

كۆڭلى ھوزۇر ۋە مەنىۋىيەت بىلەن تويۇنغان بىر مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىغا بەرگەن تەسىرى، گۈل ۋە خۇشپۇراق چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن بىر باغدىن چىققان مەيىن شامالنىڭ، ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر يېرىگە، كۆڭۈللەرگە باھار ئېلىپ كېلىپ، ھوزۇر بەرگىنىگە ئوخشايدۇ.

# 74

دۇنيا مۇنۇ ئۈچ نەرسە ئەمەلگە ئاشقاندا جەننەتكە ئايلىنىدۇ : قولدىن، قەلبتىن
ۋە تىلدىن رەھمەت ياغقاندا...

# 75

كامىل روھلار، مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، خىزمەت ۋە مەرھەمەت بىلەن قۇتۇلدۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا كىشىلەرنى ئىزدەيدۇ.

# 76

ھەقىقىي پەتھ كۆڭۈللەرنىڭ پەتھىدۇر. بۇ كۆڭۈللەر دەرگاھ ھالىغا ئايلانغاندا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

# 77

ئۆرنەك بىر تەربىيچى، كۆڭۈل مۇتەخەسسىسىدۇر، روھلارنى داۋالىغۇچى قەلب دوختۇردۇر.

# 78

تەربىيچىنىڭ كۆڭۈل كۆزى، جىمى مەۋجۇداتتا جانابىي ئاللاھنىڭ نۇرىنى كۆرگۈدەك مەنىۋى ماقامغا يېتىشى كېرەك.

# 79

مۇھەببەت ۋە غەيرەت ھەر مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالغىلى بولىدۇ. قەلبىنى ئۇتۇۋالغانلىقىنىڭ ئەجرىنى ئالغانغا ئوخشاش، مەغلۇپ بولۇپ قولدىن قاچۇرۇپ قويغان كىشىلەرنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز كېرەك.

# 80

مۇھەببەتنىڭ بەدىلى پىداكارلىقتۇر، قۇرۇق شۇئارنىڭ پايدىسى يوقتۇر. ھەزرىتى مەۋلانا: "كەلىمىلەرنىڭ ھەزىلكىشى بولما" دېگەندى. مۇھەببەت دەپ جار سالىدىغانلار مۇھەببەتنى پىداكارلىقتا كۆرسىتىشى كېرەك.

# 81

تەربىيىچى، ئوقۇغۇچىسىنىڭ دەردى بىلەن دەردلىنىشى، دەردىگە دەرمان بولۇشى، خۇشاللىقىغا سۆيۈنىشى، ئۇلارنى دوست ھەم قېرىنداشتەك كۆرۈشى لازىم. دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق تىلىغا ئاشىنا بولۇشى كېرەك.

# 82

تەربىيەچى، ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان ئەمەس، ئەيىبىنى يېپىپ تۇرۇپ،
ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشقان كىشىدۇر.

# 83

مۇھەببەت، ئىككى كۆڭۈل ئارىسىدىكى لىنىيەدۇر. تەربىيە مۇشۇ لىنىيەنىڭ قۇرۇلۇپ قۇرۇلمىغىنىغا باغلىقتۇر.

# 84

تەربىيچى، قەلب دەرۋازىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا يوغان ئېچىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ.

# 85

بىر تەربىيىچىگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت، ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسىنى كۆپەيتىدۇ، تەربىيىچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا، مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت بىلەن يېقىنلىششى ئۇ ئۆگەتمەكچى بولغان نەرسىنىڭ ئەقلىي يولدىن ئەمەس، قەلبىي يولدىن كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

# 86

تەربىيچى، سىنىپقا مۇقەددەس جايلارغا كىرگەندەك ھۆرمەت بىلەن كىرىشى، مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇھىم ماتېرىيالنى ھەم بىللە ئېلىپ كىرىشى كېرەك.

# 87

قەلبكە يەرلەشمىگەن بىلىم ئىرپانغا ئايلىنالايدۇ.

# 88

تەربىيىچىلەر، بالىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى يەنى قەلبى ۋە دىمىقىغا خىتاپ قىلىپ ئۇلاردا دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇشى لازىم. شۇ سەۋەپتىن مائارىپچىلار "ئىستىقبال مىمارى" دەپ ئاتىلىدۇ.

# 89

ئىلىم ۋە ئىرپان پەقەت تەقۋا بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر قەلب ئارقىلىق ئۆگىتىلىدۇ ۋە تەسىر قىلىدۇ. ئىنسان بۇ ماقامغا يېتكەندە ئوقۇغۇچىسىغا مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ. مۇھەببەت بىلەن چىچىلغان ئۇرۇق بىخ ئۇرىدۇ.

# 90

مائارىپچى بولۇش ئۈچۈن شەپقەت ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇش كېرەك.

# 91

ئوقۇغۇچىغا، داۋالاشقا موھتاج بىر يارىدار قۇشقا يېقىنلاشقاندەك شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن يېقىنلىشىش كېرەك. چۈنكى، شەپقەت ۋە مەرھەمەت ۋىجدانلىق قەلب ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم دورىدۇر.

# 92

مەرھەمەت، مائارىپچىنىڭ قەلبىدە ئاتەش كەبىدۇر.

# 93

مەرھەمەت ۋە شەپقەتتىن مەھرۇم، مەنپەئەتپەرەس بىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشى،
ئىنسانىيەتكە قىلىنغان زۇلۇمدۇر.

# 94

گۈل-چېچەكلىك مەنزىرە نادان ۋە قوپال كىشىنىڭ تەبەسسۇم قىلدۇرغاندەك، ئىنسانلارغا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان كىشىنىڭ گۈل تەبىئەتلىك بولۇشى، باغرى تاشلارنى يۇمشىتىپ، مۇز چىرايلارنىڭ كۈلۈمسىرىتەلىشى لازىم.

# 95

مائارىپچىنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى يېتەرسىزلىك ۋە قۇسۇرلىرىنى نەپسىدىن، مۇۋاپىقىيەتنى رەببىدىن دەپ بىلىشىدۇر.

# 96

مائارىپچى، كەسىپنىڭ ئاۋال ئۆزى ئۈچۈن بۈيۈك بىر نېمەت ۋە لۇتۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى، بۇنىڭغا شۈكرى ئورنىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم.

# 97

بىر مائارىپچى "شەخسىيەتچىلىك" ۋە "نادانلىق" نى مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتكە
ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

# 98

مائارىپچىنىڭ ھاياتى، سەمىمىي ۋە رىيادىن يىراق بىر غەيرەت ۋە پىداكارلىق
ئۈستىگە قۇرۇلىشى لازىم.

# 99

ھەر بىر يېڭى كۈن، ئۆمۈر كالېندارىغا ئېچىلغان يېڭى ۋە پاكىز بىر بەتتۇر. ئالدىڭىزدىكى ئاق ۋاراقنى ئەڭ گۈزەل تولدۇرۇش ياكى تولدۇرماسلىق ئۆزىڭىزنىڭ قولىدىدۇر.

# 100

مائارىپچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەر مىنۇتنى ئاخىرقى نەپەس دەپ بىلىپ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشى، شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشى كېرەك.

# 101

بىر پەرزەنت بۇ دۇنيادا ئاتا- ئانىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېرىدىغان تەلىم- تەربىيەسىگە موھتاجدۇر. ئاخىرەتتە بولسا، ئاتا- ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى، تەربىيىلىگەن شۇ پەرزەنتنىڭ خەيرلىك دۇئا ۋە سەدىقەئى جارىيەسىگە موھتاجدۇر.

## ئەڭ مۇكەممەل مائارىپ رەھبىرى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتىن بىر قانچە ھايات دەستۇرى

سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر.
يوللارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى سۈننەت يولىدۇر.
ئەڭ مۇستەھكەم قورغان تەقۋادۇر.
قىسسەلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى قۇرئاندۇر.
ئەڭ نۇرانە يول پەيغەمبەرلەر باشلىغان ھىدايەت يولىدۇر.
ئەڭ پايدىلىق ۋە خەيرلىك ئىلىم، ئىرپانغا ئايلانغان ئىلىمدۇر.
شۈكۈر قىلىنغان ئاز مال، شۈكۈر قىلىنمىغان كۆپ مالدىن ئەۋزەلدۇر.
ئەڭ قاملاشمىغان باھانە ئۆلۈم مىنۇتلىرىدىكى باھانىدۇر.
ئەڭ قاتتىق پۇشايمان قىيامەت كۈنىدىدۇر.
ئەڭ چوڭ گۇناھ يالغانچىلىقتۇر.
ئەڭ زور بايلىق قەلب بايلىقىدۇر، قانائەت بىلەن باي بولۇشتۇر.
ئەڭ خەيرلىك ئىمان قەلبكە ئورنىغان ئىماندۇر.

زاكاتسىز، ئىنفاقسىز، سەدىقىسىز مال ـ دۇنيا، ئاخىرەتتە يۈزىنىڭ قارىسىدۇر.
ئەڭ ئەسقاتماس كىرىم ئالدامچىلىق ۋە جازانىخورلۇقتىن كىرگەن كىرىمدۇر.
ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش ھەقىقەت يولىدىن قېچىشتۇر.
ئەڭ بىچارە ئەمالىق قەلبىنىڭ ئەمالىقىدۇر.
بىرىنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولۇش، ئۇنىڭغا قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ھەر نەرسىدىن خەيرلىكتۇر. ھىدايەتكە ۋەسىلە بولۇش، ئەڭ چوڭ مۇۋاپىقىيەت ۋە ھوسۇلدۇر.